# تاملارغا ئايەت يېزىلغان رامكا-جازىلارنى ئېسىشنىڭ ھۆكمى؟

[ئۇيغۇرچە]

# حكم تعليق الآيات على الجدران

[باللغة الأويغورية]

مۇپتى: شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئەلمۇنەججىد
المفتي: الشيخ محمد صالح المنجد

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز
المترجم: سيف الدين أبو عبد العزيز

تەكشۈرۈپ بىكىتكۈچى: ن. تەمكىنى
المراجعة: ن. تمكيني

نەشىر ھوقۇقى مۇسۇلمانلارغا مەنسۇپ

1430 - 2009
islamhouse.com

# تاملارغا ئايەت يېزىلغان رامكا-جازىلارنى ئېسىشنىڭ ھۆكمى؟

254-نومۇرلۇق سوئال

سوئال:

بەزى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرىنى زىيارەت قىلغان ۋاقتىمدا تاملىرىغا قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ئاللاھنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرى ياكى باشقا دۇئا-زىكىرلار يېزىلغان رامكا-جازىلارنى ئېسىۋالغانلىقىنى كۆردۈم؟، بۇنداق قىلىشنىڭ شەرىئەتتە دەلىلى بارمۇ؟.

جاۋاپ:

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

قۇرئان ئايەتلىرى يېزىلغان رامكا-جازىلارنى ئۆيىنىڭ، تىجارەت ئورۇنلىرىنىڭ، مەكتەپلەر ۋە كۇلۇپلارنىڭ تاملىرىغا ئېسىپ قويۇش بىرقانچە تەرەپتىن شەرىئەت چەكلىگەن مۇنكەر ئىشلاردىن ھېسابلىنىدۇ:

1- كۆپىنچە ھالدا قۇرئان ئايەتلىرى ۋە زىكىر-دۇئالار بىلەن چىرايلىق نەقىشلەنگەن رامكا-جازىلارنى تاملارغا ئېسىش زىننەت ئۈچۈن بولىدۇ. بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ تىلاۋەت قىلىنىش، تەدەببۇر قىلىش ۋە كىشىلەرگە ھىدايەت، ۋەز-نەسىھەت قىلىشتىن ئىبارەت ئالى مەقسىتىگە توغرا كەلمەيدۇ. قۇرئان كەرىم ئەسلىدە تاملارنى زىننەتلەش ئۈچۈن چۈشۈرۈلمىگەن بەلكى كىشىلەرنى توغرا يولغا ھىدايەت قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلىنغان.

2-بەزى كىشىلەر بۇنىڭغا ئوخشاش رامىكا-جازىلارنى بەرىكەت تەلەپ قىلىش مەقسىتىدە ئاسىدۇ. بۇ بىدئەت ئىشلاردىن ھېسابلىنىدۇ. بەرىكەت تەلەپ قىلىش، قۇرئان ئايەتلىرىنى چىرايلىق ھۆسنىخەتلەر بىلەن يېزىپ تاملارغا ئېسىپ قويۇش بىلەن بولماستىن، بەلكى قۇرئان كەرىمنى تىلاۋەت قىلىش، ئۇنىڭدىكى ھېكمەتلەرنى تەپەككۇر قىلىش بىلەن بولىدۇ.

3- بۇنداق قىلىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، توغرا يول تۇتقۇچى خەلىپىلەر ئاللاھ رازى بولغان ساھابىلارنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھېچبىرى بۇنداق ئىشلارنى قىلمىغان. ئۇلارغا ئەگىشىش دىندا بىدئەت پەيدا قىلىش بىلەن بولماستىن، بەلكى ياخشىلىقتا ئۇلارنى ئۆرنەك قىلىش بىلەن رويابقا چىقىدۇ. تارىخى ماتېرىياللاردىمۇ قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى نەقىشلىك رامكا-جازىلارغا ئېلىپ زىننەتلەپ ئۆينىڭ ۋە مەسچىتنىڭ تاملىرىغا ئېسىپ قويۇش تۈركىيە ۋە ئەندەلۇس دۆلەتلىرىدە مۇسۇلمانلار ئاجىزلىشىپ دىنى ئەقىدىسى سۇسلاشقاندا پەيدا بولغان ئىشلاردىن ئىبارەت دېيىلگەن.

4-ئايەتلەر بىلەن زىننەتلەنگەن جازىلارنى ئېسىش شېرىككە ئېلىپ بارىدىغان ۋەسىلىلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى بۇنى تامغا ئاسقان كىشىلەر بۇ ئايەتلەرنىڭ سەۋەبىدىن ئائىلىمىز ھەر تۈرلۈك خېيىم-خەتەر، مۇسىبەتتىن ساقلىنىپ قالىدۇ دەپ قارايدۇ، بۇ شېرىكى قاراش ھېسابلىنىدۇ. ھەقىقى ھىمايە قىلغۇچى ئاللاھ تائالادۇر. ئاللاھنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىشنىڭ سەۋەبلىرىدىن؛ قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ۋە شەرىئەتتە كۆرسىتىلگەن زىكىر-دۇئالارنى ئىخلاس-ئىشەنچىدە ئوقۇش بىلەن ۋۇجۇتقا چىقىدۇ.

5-تۇرلۇك جازا ۋە رامىكىلارغا ئايەت يېزىشنى تىجارەت شەكلىگە كىرگۈزۈپ، كۆپلەپ پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. قۇرئان ئايەتلىرىنى تىجارەت شەكلىگە ئايلاندۇرۇش مۇسۇلمانغا لايىق ئىش ئەمەس. بەلكى بۇ شەكىلدىكى رامكا-جازىلارنى سېتىۋېلىش مالنى ئىسراپ قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

6- بۇ شەكىلدىكى رامكا-جازىلارنىڭ تولىسى ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن بولۇپ، بۇنى تامغا ئېسىپ قويۇش ھارام بولىدۇ.

7- بەزى جازىلارنىڭ خەتلىرى يۆگىمەچ ھۆسنخەت شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، بۇ شەكىلدىكى خەتلەرنى ئوقۇش قىيىن بولغاچقا، ھېچقانداق مەنپەئەتى بولمايدۇ. بەلكى بەزىلىرى قۇشلارنىڭ ياكى سەجدە قىلىپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ سۈرىتى شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، بۇنداق قىلغانلىق ئايەت بىلەن ئويناشقانلىق ھەم چەكلەنگەن سۈرەتلەرنى ئاسقانلىق ھېسابلىنىدۇ.

8-بۇنداق قىلىش قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى تۆۋەن كۆرۈپ خارلىغانلىقتىن ئىبارەت، بولۇپمۇ ئۆيدىن ئۆيگە يۆتكەلگەندە ياكى تاملارنى يېڭىدىن بويىغاندا، بۇ ئايەتلەر پۈتۈلگەن جازىلار باشقا ئۆي جاھازىلىرىغا ئارلىشىپ قالايمىقان تاشلىنىدۇ ياكى ئۈنىڭ ئۈستىگە باشقا نەرسىلەر قويۇلىدۇ.

9-بەزى دىنى چۈشەنچىسى تۆۋەن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىشلىرىنى دىنى شۇئارلارنى تۇرغۇزغانلىق دەپ ئويلايدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇلارنىڭ ھېچقانداق بىر دىنى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلغانلىقنى ئىپادىلىمەيدۇ.

10-بەزى مۇلازىمەت ئورۇنلىرىدا چاي چەينىكى ياكى پىيالە قاتارلىق ئىستىمال بۇيۇملىرىغا ئاللاھنىڭ ئىسىم-سۈپەتلىرى، سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەنگە ئوخشىغان ئۇلۇغ سۆزلۈكلەر يېزىلغان بولۇپ، بۇنداق قىلىش ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئېھتىرامسىزلىق قىلغانلىق بولىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئاللاھتىن قورقۇشى، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرسە بۇ يولسىز ئۇسۇل بىلەن ئەمەس، بەلكى قۇرئان ۋە سۈننەتكە ھەقىقى رەۋىش بىلەن ئەگىشىش ئارقىلىق سۆيگۈسىنى ئىپادىلىشى تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

گەپنىڭ خۇلاسىسى: بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلاردىن يىراق بولۇپ، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى رازى بولغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇلار ئەقىدە، ئەدەپ-ئەخلاقتا، دىنىنى چۈشىنىشتە باشقىلارغا ئۈلگە بولىدۇ دەپ گۇۋاھلىق بەرگەن كىشىلەرنىڭ يولىغا ئەگىشىش لازىم.

بەزىلەر بىز بۇنى زىننەتلەش ياكى ئىسراپ قىلىش ياكى كەمسىتىش ئۈچۈن ئەمەس بەلكى كىشىلەر توپلانغاندا ئاللاھنى ئەسلەپ ئايەتلەردىن ئىبرەت ئالامدىكىن دەپ قىلدۇق دېيىشى مۇمكىن. ئۇنداق دېگۈچىلەرگە بىزنىڭ جاۋابىمىز: ئۇلارنىڭ بۇ سۆزى رېئاللىقتىن يىراق بولۇپ، كىشىلەر بىر جايغا توپلاشقاندا باشلىرىنى كۆتۈرۈپ تامغا ئېسىلغان جازىدىكى ئايەت ۋە زىكىر-دۇئالارنى ئوقۇمدۇ؟!، بۇنىڭ ئەكسىچە بەزى كىشىلەر بىر جايغا توپلاشقاندا باشلىرى ئۈستىگە ئېسىلغان ئايەت-زىكىرلەردىن ئەيمەنمەستىن ئۆز-ئارا غەيۋەت -شىكايەت قىلىش، يالغان سۆزلەش ۋە بىر-بىرىنى مەسخىرە قىلىش، ئويۇن-چاقچاق بىلەن بولىدۇ، گەرچە بۇنىڭدىن

پايدىلىنىدىغان كىشىلەر بار دېيىلسىمۇ ئۇلار ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەر بولۇپ ئۇلار بۇ ھۆكۈمگە تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ.

مۇسۇلمانلاردىن ئاللاھنىڭ كىتابىغا يۈزلىنىپ ئىخلاس بىلەن تىلاۋەت قىلىپ ھۆكمىگە ئەمەل قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالادىن قۇرئان ـ كەرىمنى دىلىمىزنىڭ باھارى، قەلبىمىزنىڭ نۇرى، غەم-قايغۇلىرىمىزنى كەتكۈزۈۋېتىدىغان دىل راھىتى قىلىشنى سورايمىز. جانابى پەيغەمبىرىمىزگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئاللاھ ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.